# ئىزدىنىش

(تاللانما)

12 1996

www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1996-يىل 12-سان
(ئومۇمىي 102-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ
1996-يىللىق 19-، 21-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

---

## مۇندەرىجە

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى**
(1996-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان) ............................................ (2)

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى**
(1996-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان) ............................................ (9)

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلار سىياسەتنى تەكىتلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك ............................................ **لىۋ مىڭزۇ**(38)

**★12-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11—2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سېستىمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا ئېيزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى

(1996-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنى 1996-يىل 10-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىدىن 181 كىشى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزالىرىدىن 124 كىشى قاتناشتى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئالاقىدار ساھەلەردىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ئومۇمىي يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى رىياسەتچىلىك قىلدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسى يولداش جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز قىلدى.

ئومۇمىي يىغىن ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىنى ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش تەلپى بويىچە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ چىقتى. بۇ قېتىمقى يىغىن مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىياتى ئۈستىدە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاساسلىقى ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»نى قاراپ چىقتى ۋە ماقۇللىدى. «قارار» مۇنداق يەتتە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: 1. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش—مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە؛ 2. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە كۈرەش نىشانى؛ 3. پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى

تىرىشىپ ئۆستۈرۈش؛ 4. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ 5. ئاممىۋى مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش؛ 6. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سېلىنمىسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش؛ 7. پارتىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش.

ئومۇمىي يىغىن مۇنداق ھېسابلىدى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 18 يىل مابەينىدە، ئېلىمىز پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ زور تەرەققىياتىنى باشتىن كەچۈردى. مۇنداق تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ قايتا تىكلەنگەنلىكىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى قايتا بىلىشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ؛ شۇنداقلا ئاممىنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشتەك ئىجادىي روھىنىڭ ئۇرغۇغانلىقىدىن ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە تايىنىش روھىنىڭ جارى قىلدۇرۇلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلىمۇ بولمايدۇ. تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ۋە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەر جەھەتتىن كۈچەيتىپ، ئىجابىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ۋە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، بۇلار ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلىگەندە، مۇشۇ ئاساسىي ئېقىمنى تولۇق تونۇپ يېتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، بەزى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدە، ئىدىيىۋى تەربىيىگە، مەنىۋى مەدەنىيەتكە سەل قارايدىغان، "بىر قول چىڭراق، بىر قول بوشراق" بولۇپ قالىدىغان مەسىلىلەر يەنىلا ھەل بولمايۋاتىدۇ؛ ئىجتىمائىي-مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتتە بىرمۇنچە مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ، بەزىلىرى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ ئىگىلەپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ھەقىقىي رەۋىشتە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يېڭى شارائىت يارىتىش لازىم.

ئومۇمىي يىغىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىستىك جەمئىيەت—ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغان، ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا باسقان جەمئىيەت، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرىدىغان ئىش. بىز ئېلىپ بارىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى —ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىدىغان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتە چىڭ

www.uyghurkitap.com

نۇرىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرىدىغان ھەم دەۋر روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدىغان، دۆلەت ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلىدىغان ھەم دۇنياغا يۈزلىنىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش شارائىتىدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش — جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە جۇڭگو خەلقى ئالدىغا قويۇلغان بىر مۇشەققەتلىك تارىخىي ۋەزىپە. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاقىدار ئىش.

ئومۇمىي يىغىن شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى: ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ۋە ئاساسىي فاڭجېنلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش، نادىر ئەسەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق سوتسىيالىستىك پۇقرالارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سۈپىتىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت مەلۇماتىنى ئۆستۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش. بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئاساسىي نىشان: پۈتكۈل مىللەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىدىغان ئورتاق غايىنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان چىڭ ئېتىقادنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش؛ ئىدىيە-ئەخلاق جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش، پەن-مائارىپ سەۋىيىسى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق كۆزقارىشى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پۇقرالىق سۈپەتنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، ئىجابىي-ساغلام، مەزمۇنلۇق-خىلمۇخىل بولۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي تەلەپ قىلىنغان مەدەنىي تۇرمۇش سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، شەھەر-يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىيات، جامائەت تەرتىپى، تۇرمۇش شارائىتى ئاساسىي بەلگە قىلىنغان مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش؛ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەڭكەش راۋاجلىنىدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق خىزمەتنى ئوبدان تۇتۇش، بولۇپمۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، نۆۋەتتىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا كادىرلار بىلەن ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سوتسىيالىستىك ئىدىيە-ئەخلاق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى-نىڭ خاراكتېرىنى ۋە يۆنىلىشىنى مەركەزلىك ئىپادىلەيدۇ. ھازىر بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قۇرۇۋاتىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىمىز، ئاخىرقى مەقسىتىمىز — كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇڭا، پۈتۈن جەمئى-

يەتتە سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئىدىيە-ئەخلاقنى ئەستايىدىل تەشەببۇس قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىلغارلىق تەلىپىنى كەڭ كۆلەملىك بولۇش تەلىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاققا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش لازىم. ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇپ، كادىرلار ۋە خەلققە يۈكسەك غايە ۋە توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى كۈچەيتىشتەك مىللىي روھنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەننى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈش، بارلىق ئىشنى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلەش كېرەك؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يادرو، كوللېكتىپچىلىق پرىنسىپ قىلىنغان، ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، ئىلىم-پەننى ۋە سوتسىيالىزمنى سۆيۈش ئاساسىي تەلەپ قىلىنغان ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق ۋە ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاق تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، باراۋەرلىك ۋە دوستلۇق ئاساسىدا ئورتاق ئىلگىرىلەيدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ غايە تىكلەپ، ئېسىل پەزىلەت يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم بېرىش كېرەك؛ قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق كۆزقارىشى ۋە ھوقۇق-مەجبۇرىيەت كۆزقارىشىنى ئاشۇرۇپ، ساغلام كەيپىياتنى ئۇلغايتىپ، يامان ئىللەتلەرنى تۈگىتىدىغان، ياخشى ئىشلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يامان ئىشلارنى تۈگىتىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تەلىپىنى قاندۇرۇش لازىم. مەدەنىيەت ئىشلىرىدا خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە چوڭقۇر ئۆزلۈشۈپ، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتكە ۋە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پائال قوبۇل قىلىش كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خىلمۇخىللىقنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئاخبارات-تەشۋىقات خىزمىتىدە پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى، مۇقىملىقنى، غەيرەتكە كېلىشنى ۋە ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك. پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەردە ماركسىزم-لې-

نىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرى-
يىسىنى يېتەكچى قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە
بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر كۆرۈشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى
ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك. ئاخباراتچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدا ماكرولۇق
تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈش ۋە مۇكەممەل-
لەشتۈرۈش، بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى، بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇش لازىم. مەدەنىيەت
تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش،
ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن
ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تازا ئوبدان بىرلىشىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇكى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇ-
لۇشى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىش. ئاممىۋى مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى
چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ناچار ئۆرپ-ئادەتنى ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتە، ئىككى مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زور رول ئوينايدۇ. شەھەر ئاھالى-
لىرىنىڭ سۈپىتىنى ۋە شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ،
مەدەنىيەتلىك شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم؛ دېھقانلارنىڭ سۈپىتى-
نى ئۆستۈرۈش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى نىشان
قىلىپ، مەدەنىيەتلىك يېزا-بازارلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم؛
خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشنى مەقسەت قىلىپ، مەدەنىيەتلىك كەسىپ
بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا
ئوتتۇرىغا چىققان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ،
جەمئىيەت بويىچە ئىلغارلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىدىغان كەيپىياتنى
شەكىللەندۈرۈش لازىم. تۈرلۈك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيەتلىرىدە ئەمەلىي ئۈنۈم-
گە چوقۇم ئەھمىيەت بېرىش، شەكىلۋازلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم.

ئومۇمىي يىغىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچى
پارتىيىدە، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچىمۇ پارتىيىدە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم-
لار ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ ۋە توغرا
بىرتەرەپ قىلىپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇشتا باشتىن ئاخىر
تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەتنى بىر پۈتۈن كۆرەش نىشانى قىلىپ، تەڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشى، تەڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، تەڭ تەكشۈرۈشى لازىم. ھەرقانداق ۋاقىتتا
ئىقتىسادنىڭ بىر دەملىك تەرەققىياتىنى دەپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىدىغان ئىشنى
قىلماسلىق كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، نۆۋەتتىكى

تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرى سېلىنمىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئاز بولۇش، نىسبىتى
تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش لازىم. سىياسەتتە كۈچلۈك بولۇش،
كەسىپتە پىششىق بولۇش، ئىستىلدا توغرا بولۇش تەلىپى بويىچە، سۈپىتى يۇقىرى بولغان
تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. پارتىيە ئىستىلى-
پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي
كادىرلار ئارىسىدا ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىت-
لەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان پارتىيىۋىلىك تەربىيىسىنى، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى
ئېلىپ بېرىش لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرى پۈتكۈل جەمئىيەتتە نەمۇنىلىك رولىنى جارى
قىلدۇرۇشى، پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە نەمۇنىلىك رولىنى
جارى قىلدۇرۇشى لازىم. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ۋە ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇشنىڭ ھەممىلا تەرىپىگە سىڭگەن، پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، پارتىيە
ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار
ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرى تەڭ تۇتۇپ، ئورتاق باشقۇ-
رۇپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى لازىم. دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ رولىغا
ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئومۇمىي يىغىن ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە،
مەركىزىي كومىتېتتا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى قۇرۇش-
نى بېكىتتى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرمۇ مۇناسىپ
ئورگانلارنى قۇرسا بولىدۇ.

ئومۇمىي يىغىن «پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش توغرىسىدىكى
قارار»نى قاراپ چىقتى ۋە ماقۇللىدى، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىنى كېلەركى يىلىنىڭ
كېيىنكى يېرىمىدا بېيجىڭدا ئېچىشنى بەلگىلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئېلىمىزدە ئىسلاھات
ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش
ئىشلىرىدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى
داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم مەزگىلدە چاقىرىلىدىغان زور
ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن، پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى يېڭى ئەسىرگە قاراپ ئومۇمىيۈزلۈك
ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلەيدىغان تارىخىي خاراكتېرلىك يىغىن.

ئومۇمىي يىغىن پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، مەركىزىي كومىتېتنىڭ
كاندىدات ئەزاسى يولداش سۈن ۋېنشېڭنى مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا تولۇقلاشنى بېكىت-
تى.

ئومۇمىي يىغىن پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت

خەلقىنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پۇختا ئىشلەپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىنى كۆتۈۋې-لىشقا چاقىرىدۇ!

(جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزىنىڭ تەرجىمىسى)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى

(1996-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنى ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلپىگە ئاساسەن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى، تەجرىبە ۋە ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىياتى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاساسلىقى ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى ھەم تۆۋەندىكىدەك قارار چىقاردى.

## 1. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە

(1) 1996-يىلدىن 2010-يىلغىچە بولغان مەزگىل—جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىدا ئالدىنـ

www.uyghurkitap.com

قىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم مەزگىل. مۇشۇ مەزگىلدە، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش؛ دۇنيا مىقياسىدا تۈرلۈك ئىدىيە-مەدەنىيەتنىڭ بىر-بىرىگە قاتتىق تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۈچى جەھەتتىكى كەسكىن رىقابەت مۇسابىقىسىغا ئاتلىنىش؛ ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماددىي مەدەنىيەتتە زور تەرەققىياتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەتتىمۇ زور تەرەققىياتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە مۇھىم كاپالىتى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلاننىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئېشىشىغا، سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزنىڭ روناق تېپىپ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاقىدار ئىش. ماددىي مەدەنىيەت—ئاساس، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى قىلچىمۇ تەۋرەنمەي چىڭ تۇتۇش كېرەك، لېكىن مەنىۋى مەدەنىيەت ئوبدان تۇتۇلمىسا، ماددىي مەدەنىيەتمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ھەتتا جەمئىيەتنىڭمۇ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش، نۆۋەتتىكى بىر قاتار جىددىي مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش، يېڭى شارائىتتىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يارىتىش پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم ئىش بولۇپ قالدى.

(2) 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 18 يىلدا، دۆلىتىمىز دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك زور تارىخىي بۇرۇلۇشنى ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ زور تەرەققىياتىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىن ئىبارەت ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، قىيىنچىلىقتىن ئۆزىنى قايتا ئوڭشاپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىش يولىدا باسقان ئۇلۇغ مۇساپە؛ شۇنداقلا بىز 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى مەملىكەت

ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ۋەقەلەرنىڭ قاتتىق سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېڭى باسقۇچقا ئېلىپ كىرگەن ئۇلۇغ مۇساپە. بۇنداق تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتنى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ۋە ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ قايتا تىكلەنگەنلىكىدىن، سوتسىيالىزم دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەكلىكىنى قايتا تونۇشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ؛ شۇنداقلا دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ئاممىنىڭ ئىجادكارلىق روھىنىڭ ئۇرغۇتۇلغانلىقىدىن، بىدئەتكە ئىشەنمەي، بېسىمدىن قورقماي، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدىغان، غەربنىڭ جازاسىنى يىمىرىپ تاشلايدىغان ئۆزگە تايىنىشتىن ئىبارەت مىللىي روھنىڭ جارى قىلدۇرۇلغانلىقىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەننىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە مۇشۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش بولمىغان، پۈتۈن مىللەتنىڭ روھىي ھالىتىدە مۇشۇنداق چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولمىغان، جاسارەت بىلەن ئىشلەشكە ۋە سىناشقا جۈرئەت قىلىدىغان غەيرەت ۋە تەجرىبىلەرنى دەل ۋاقتىدا يەكۈنلەيدىغان ئەقىل-پاراسەت بولمىغان بولسا، بىر ياخشى يول تاپقىلى بولمايتتى، يېڭى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايتتى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلىگەندە، بۇ ئاساسىي ئېقىمنى تولۇق تونۇپ يېتىش كېرەك.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش باشلىنىشى بىلەنلا يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى تەكىتلىدى. پارتىيىنىڭ ھەر قېتىملىق مۇھىم يىغىنلىرىدا بىر قاتار مۇھىم قارارلار چىقىرىلدى، 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا يەنە مەخسۇس «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارار» چىقىرىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى، ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان تونۇشىنى پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكلىنىپ، ھەرقايسى ساھەدىكى خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىلگىرى سۈرۈلدى. لېكىن ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش فاڭجېنى ئىجرا قىلىنىش داۋامىدا ئىزچىل بولماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلگەندى. 80-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئون يىلدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىك تەلىم-تەربىيە بولدى، ئاساسلىقى

www.uyghurkitap.com

ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە ئاجىزلىشىپ كەتتى، بىر قول چىڭراق، بىر قول بوشراق بولۇپ قالدى دەپ كۆرسەتكەنىدى. 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۆپ تەرەپتىن كۈچەيتىپ، ئىجابىي يوسۇندا ئۈنۈملۈك ئىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

1992-يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى ۋە پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى. بۇ سۆزدە ئىدىيىمىزنى دائىم چىرماپ ۋە چۈشەپ كېلىۋاتقان تونۇش جەھەتتىكى نۇرغۇن چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىلدى، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقتتا، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدىكى مۇھىم ئورنى ئېنىق شەرھلەندى. 14-قۇرۇلتايدا 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ ئاساسىي ئەمەلىيىتى ۋە ئاساسىي تەجرىبىسى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلىنىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچى ئورنى تىكلىنىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرۋاقتتا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئېنىق تەلەپ قىلىندى. 14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى؛ ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تەشەببۇس قىلىندى؛ ”دۆلەتنى پەن-تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش“ ستراتېگىيە-سى يولغا قويۇلۇپ، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت گۈللەندۈرۈلدى، ئاساسىي مېلودىيە ياڭرىتىل-دى؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، كوللېكتىپچىلىق تەربىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە كەڭ ئېلىپ بېرىلىپ، بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىندى، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى؛ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق تەربىيىسى كۈچەيتىلىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنى سۈپۈرۈپ

تاشلاش ۋە جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىجابىي نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ۋە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، بۇلار ئىسلاھاتنى، تەرەققىياتنى ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، بەزى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدە ئىدىيىۋى تەربىيىگە سەل قاراش، مەنىۋى مەدەنىيەتكە سەل قاراش، "بىر قول چىڭراق، بىر قول بوشراق" بولۇپ قېلىش مەسىلىلىرى يەنىلا ھەل قىلىنمايۋاتىدۇ، ئىجتىمائىي، مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتتە بىرمۇنچە مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭ بەزىلىرى خېلى ئېغىر. بەزى ساھەلەردە ئەخلاق قېلىپتىن چىقىپ كەتتى، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى؛ فېئودال خۇراپاتلىق ھەرىكەتلىرى ۋە شەھۋانىيلىق، قىمارۋازلىق، زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىشكە ئوخشاش رەزىللىكلەر ئەدەپ كەتتى؛ ساختا-ناچار نەرسىلەر، ئالدامچىلىقلار جەمئىيەت ئۈچۈن ئورتاق بالا بولۇۋاتىدۇ؛ مەدەنىيەت ئىشلىرى پاسسىپ ئامىللارنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلار قايتا-قايتا چەكلەنگەن بولسىمۇ يەنىلا كۆرۈلۈۋاتىدۇ؛ چىرىكلىك بەزى جايلاردا يامراپ، پارتىيە ئىستىلىغا، ھۆكۈمەت ئىستىلىغا زور زىيان يېتىۋاتىدۇ؛ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دۆلەت قارىشى ئاجىزلىشىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالىدىن قايغۇرۇپ ۋە تەۋرىنىپ قېلىۋاتىدۇ، شۇڭا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى دەڭسەپ كۆرگەندە، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

18 يىلدىن بۇيانقى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى كۆرمىگەندە، ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويىدىغان ئىش چىقىدۇ، بۇ—خاتا؛ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋە جىددىيلىكىنى كۆرمىگەندە، ھوشيارلىقنى يوقىتىپ قويىدىغان ئىش چىقىدۇ، بۇ—خەتەرلىك. ئومۇمىيلىق نۇقتىسىنەزىرىدە، تارىخىي نۇقتىسىنەزەر ۋە تەرەققىيات نۇقتىسىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت پۈتكۈل ئىشىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە ۋە پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ كۆزەتكەندىلا، ئاندىن تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئىشەنچىنى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

(3) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش شارائىتىدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش—جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇشەققەتلىك تارىخىي ۋەزىپىسى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىقتىسادىمىزنى

گۈللەندۈرۈش ۋە جەمئىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى، شۇنداقلا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىجادىيەت. بۇنداق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە سىياسىي تۈزۈمى بىلەنلا ئەمەس، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەنمۇ بىرلىشىپ كەتكەن. ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش — سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، شۇنداقلا خەلقنىڭ ئۆزىگە تايىنىش ئېڭىنى، رىقابەت ئېڭىنى، ئۈنۈم ئېڭىنى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق ئېڭىنى ۋە يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بازارنىڭ ئۆزىدىكى ئاجىز ۋە پاسسىپ تەرەپلەرمۇ مەنىۋى تۇرمۇشتا ئەكس ئېتىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كىشىلەرنى رىقابەت بىلەن ھەمكارلىقنىڭ مۇناسىۋىتى، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش بىلەن نازارەتچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتى، ئۈنۈم بىلەن ئادىللىقنىڭ مۇناسىۋىتى، ئالدىن بېيىش بىلەن ئورتاق بېيىشنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكلەپ، مەنپەئەتنى دەپ ۋىجدان ساتىدىغان، پايدىنىلا كۆزلەيدىغان قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش، دۆلەت مەنپەئىتى ۋە خەلق مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان ھەم پۇقرانىڭ قانۇنىي مەنپەئىتىگىمۇ تولۇق ھۆرمەت قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ئەدەب-مەنپەئەت قارىشىنى، ساغلام-تەرتىپلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش قائىدىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم.

جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش — دۆلىتىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى تۈپ سىياسىتى. خەلقئارا قۇرۇلمىدىكى ئۆزگىرىش داۋامىدا، پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش — ئېلىمىزنىڭ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى زورايتىشقا، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىسىنى، ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى شۇنىڭدەك باشقا پايدىلىق بىلىم ۋە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىشقا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشقا پايدىلىق. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭمۇ خەۋپى بار، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك نەرسىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي

گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھاكىمىيەتنى خەلققە تۇتقۇزۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ تەربىيىسىدە چىڭ تۇرغاندىلا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ ئىش. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا نۇرغۇن چوڭ-چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈزۈلمە، قانۇن، سىياسەت، باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە خېلى ئۇزاق بىر جەريان كېرەك؛ سوتسىيالىزم دۇنيا مىقياسىدا ئېغىر دەرىجىدە ئەگرى-توقايلىققا دۇچ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىدىن ئىبارەت بېسىمى ۋە غەرب ئىدېئولوگىيىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا فېئوداللىق جەمئىيەت، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىن قېپقالغان چىرىك ئىدىيە ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئادەت كۈچلىرىنىڭ يەنىلا خېلى تەسىرى بار. بۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ ئەھۋالغا قارىتا يېتەرلىك ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۇزاققىچە بوشاشماي چىڭ تۇتۇش لازىم.

يېڭى ۋەزىيەتتە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش—پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئۈچۈن مۇھىم بىر سىناق. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش شەرتى ئاستىدا، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قانداق قىلىپ بىرى بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەڭكەش راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، بىر قول چىڭ، بىر قول بوش بولۇپ قالىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش؛ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش شارائىتىدا، قانداق قىلىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان ئورتاق غايە، قىممەت قاراش ۋە ئەخلاق قائىدىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، چىرىك ئىدىيە ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ئۇلغىيىپ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا چەك قويۇش؛ ئىشىك سىرتقا كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، دۇنيا يېڭى پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى كۆتۈۋېلىنىدىغان ئەھۋالدا، قانداق قىلىپ چەت ئەلنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنىڭ تارىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزنى ”غەربچىلەشتۈرۈش“، ”پارچىلاش“ سۇيىقەستىگە قارشى تۇرۇش، مانا بۇلار سوتسىيالىستىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىياتى داۋامىدا ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تارىخىي مەسىلىلەر.

## 2. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە كۆرەش نىشانى

(4) پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تارىخىي ۋەزىپىلىرىگە ئاساسەن، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق سوتسىيالىستىك پۇقرالارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى ۋە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت مەلۇماتىنى ئۆستۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسى ئەنە شۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىمۇ ئەنە شۇ.

(5) دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى— ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى بىلەن بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى تۆرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ تۈپ قىبلىنامىسى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكى. بۇ نەزەرىيىدە ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا، پائال تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش—پارتىيىمىزنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تۆرلۈك خەۋپ-خەتەرلەرگە ۋە سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر

ئىنتايىن مول ئىدىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىز قۇرۇۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەتتە، يۇكسەك ماددىي مەدەنىيەت بولۇپلا قالماي، يۇكسەك مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ بولۇشى كېرەك، ئىككى مەدەنىيەت ئوخشاشلا ئوبدان تۇتۇلسا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولىدۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىدا چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ئىككى قوللۇق بولۇش كېرەك، بىر قوللۇقلا ئىش كۆرگەن بىلەن بولمايدۇ، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ۋە مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خەلقنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش، كادىرلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش، بولۇپمۇ ياشلارنى، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنى ئوبدان تەربىيەلەش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ماركسىزمغا بولغان ئېتىقاد بىزنىڭ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىمىز، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ماركسىزمنىڭ جەۋھىرى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنىمۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك، ئەركىنلەشتۈرۈشكە بېرىلىش جۇڭگونى كاپىتالىزم يولىغا باشلايدۇ، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جۇڭگو مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈمىدى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندا بەزىبىر ناچار ئىللەتلەرنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ، خەلقىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ مەسىلىنى بىز تەربىيە ۋە قانۇن ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ، مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، ئىنسانلار جەمئىيىتى ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئەينەك قىلىش لازىم، فېئوداللىزمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىگە، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىلىرىنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىق خادىملارغا ھۆرمەت قىلىش، زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئالىملار، پىداگوكلار، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنى ۋە باشقا تۈرلۈك موتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈش كېرەك، ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ سېپىدىكى يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرىدىن بولۇشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىمۇ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت قوشۇنىنىمۇ ھەرگىز ئاجىزلاشتۇرۇپ قويماسلىق، ئىدىيە جەھەتتىكى ناتوغرا خاھىشلارغا نىسبەتەن قايىل قىلىش تەربىيىسى بېرىشنى ئاساس قىلىش، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى

قانات يايدۇرۇش، ئاددىي ۋە قوپال ئىش كۆرمەسلىك، قولاقنى يوپۇرۇپمۇ يۈرمەسلىك كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ، پارتىيە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ئۇنى بىر كۈنمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماي، تازا چىڭ تۇتۇش، كونكرېت ئىشلاردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك، بۇنىڭدا ئاچقۇچ —پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىدا ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆز ئەمەلىيتى بىلەن ئۈلگە بولۇشىدا، دەپ تەكىتلىدى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلگە قويغاندا، چوقۇم خەلقنىڭ ئارزۇسىنى، دەۋرنىڭ تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ.

(6) بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى—ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىدىغان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرىدىغان ھەم دەۋر روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدىغان، دۆلەت ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلىدىغان ھەم دۇنياغىمۇ يۈزلىنىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئاساسلىق نىشانى مۇنداق: پۈتكۈل مىللەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىدىغان ئورتاق غايىنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدىن قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان چىڭ ئېتىقادنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش؛ ئىدىيە-ئەخلاق جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش، ئىلىم-پەن، مائارىپ سەۋىيىسى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق كۆزقارىشى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پۇقرالىق سۈپەتنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، ئىجابىي—ساغلام، مەزمۇنلۇق-خىلمۇخىل بولۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي تەلەپ قىلىنغان مەدەنىي تۇرمۇش سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، شەھەر-يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىيات، جامائەت تەرتىپى، تۇرمۇش شارائىتى ئاساسىي بەلگە قىلىنغان مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش؛ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەككەش راۋاجلىنىدىغان ئوبدان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش.

بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، پارتكوملار بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى شەخسەن ئۆزى تۇتىدىغان، ھەرقايسى ساھەلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولىدىغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا مەنىۋى

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سەل قارايدىغان ئەھۋاللارنى تۈگىتىش لازىم. بەرپا قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش فائىجىيىندا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك نىشان بىلەن باسقۇچلۇق ۋەزىپىنى بىرلەشتۈرۈپ، بۈگۈندىن كېيىنكى بەش يىللىق خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ئوبدان تۇتۇش كېرەك. ئومۇمىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، نۆۋەتتىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا كادىرلار ۋە ئاما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش لازىم. بىرىنچى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە كادىرلار قوشۇنىدا ساقلىنىۋاتقان پاسسىپلىق، چىرىكلىكلەرنى قەتئىي چەكلەپ، ئاما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلايدىغان، ھۆكۈمەت ئىشىدا تىرىشچان ئەمەلىيەتچى بولىدىغان، پاك-دىيانەتلىك بولىدىغان ئېسىل پارتىيە ئۇسلۇبىنى، ھۆكۈمەت ئۇسلۇبىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تىكلەش لازىم. ئىككىنچى، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان كەسىپ ناتوغرا ئۇسلۇبىنى قەتئىي تۈزىتىش، يالغان، ناچار مال ئىشلەش ۋە ئالدامچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش، ئۆز خىزمىتىنى سۆيۈپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان، ئاممىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان، ئەلا سۈپەت بىلەن مۇلازىمەتچىلىك قىلىدىغان كەسىپنى قەدىرلەش روھىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈش لازىم. ئۈچىنچى، شەھۋانىيلىق، قىمارۋازلىق، زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىشتەك ئىجتىمائىي رەزىللىكلەرنى قەتئىي تۈگىتىش، فېئودال خۇراپاتلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش، مەدەنىي، ساغلام بولغان، ئىلىم-پەنگە ھۆرمەت قىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تۇرغۇزۇش لازىم. تۆتىنچى، مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، تارقىتىدىغان ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئېسىل مەنىۋى مەھسۇلاتلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدىغان، مەدەنىيەت بازىرى جانلىق ۋە تەرتىپلىك بولغان گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. بەشىنچى، بەزى جايلاردىكى جەمئىيەت ئامانلىقى ياخشى بولمىغان، مۇھىتى پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى قەتئىي ئۆزگەرتىپ، تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەتلىك مەھەللە، بازارلارنى ۋە مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنى بەرپا قىلىش لازىم. ھەرقايسى جايلار ۋە تارماقلار ئومۇمىي تەلەپ بويىچە كونكرېت پىلان تۈزۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل تەشكىللىشى لازىم. خىزمەتلەرنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلەش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى قىياپەت بىلەن 21-ئەسىرگە قەدەم تاشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

## 3. پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش

(7) سوتسىيالىستىك ئىدىيە-ئەخلاق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ خاراكتېرى ۋە يۆنىلىشىدە

مەركەزلىك گەۋدىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا غايەت زور پائالىيەتچانلىق رولىنى ئوينايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى: ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، كوللېكتىپچىلىق تەربىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە ۋە توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت. بىز ھازىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قۇرۇۋاتىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىمىز، بۈگۈندىكى ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇڭا پۈتۈن جەمئىيەتتە سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئىدىيە-ئەخلاقنى ئەستايىدىل تەشەببۇس قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىلغارلىق تەلىپىنى كەڭ كۆلەملىك بولۇش تەلىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاققا، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاققا، ھەققىي، ئوبدان ۋە گۈزەل نەرسىلەرگە ئىنتىلىشكە، ساختا، يىرگىنىشلىك، خۇنۇك نەرسىلەرگە قارشى تۇرۇشقا، توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاققا، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىغا، ھالال ئەمگەك بىلەن گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىشكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاققا ئىلھام بېرىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، يۈز مىليونلىغان خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارنى پائال ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.

(8) ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇ-رۇش، كادىرلارنى ۋە خەلقنى تەربىيىلەش لازىم. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى چىڭ ئىگىلەپ، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن بۇ تۈپ مەسىلىنى دەۋرىي قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى، دۆلەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبا-لىنى توغرا تونۇشقا، سوتسىيالىزم مەسىلىسى ئۈستىدىكى خاتا كۆزقاراش ۋە مۈجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاش-تۇرۇۋېلىشقا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئېتىقادىنى چىڭىتىشقا يېتەكلەش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك

رەھبىري كادىرلار بۇ نەزەرىيىنى باشلامچىلىق بىلەن ئوبدان ئۆگىنىشى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى ۋە نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، ئۇنىڭ ماركسىزملىق مەيدان، كۆزقاراش ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يېڭى ئەھۋالنى تەتقىق قىلىدىغان، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى ۋە ئىجادكارلىق روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى تىرىشىپ ئىگىلىشى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەش ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى لازىم.

(9) ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەزەلدىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش تۇغى بولۇپ كەلدى. ھازىرقى جۇڭگودا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى بىلەن ئورگانىك ئاساستا بىرلەشتۈ-رۈلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مىللىي گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھام بېرىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ قالدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ دېگەن ھەقىقەتنى ئېنىق تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش، پۈتۈن جەمئىيەتتە، ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ۋە ئۆزىنى كۈچەيتىپ بارىدىغان مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداشقا ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى بېغىشلاشنى ئەڭ زور شەرەپ، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە، ئىززەت-ھۆرمىتىگە زىيان يەتكۈزۈشنى ئەڭ چوڭ نومۇس دەپ بىلىدىغان قىلىش كېرەك. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئۇلۇغۋار نىشانىنى، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-نىڭ تارىخىنى ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ ئەھۋالىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنىلىرىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىش كېرەك. ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلى-رى، كىتاب، ژۇرنال، كىنو، تېلېۋىزور، سەنئەت، ئويۇن كۆرسىتىش ۋە دەرسخانىدا ئوقۇتۇش ئارقىلىق، مۇھىم خاتىرە كۈنى، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ۋە مۇھىم ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق، دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىش، دۆلەت گىمنى ئېيتىش قاتارلىق مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى زور كۈچ بىلەن ئۇرغۇتۇش كېرەك. جايلار ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، دۆلەت بىر تۈركۈم نۇقتىلىق بازىلارنى بەلگىلىشى كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش توغرىسىدىكى تەربىيەدە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنى ۋە دىن سىياستىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك.

(10) پۈتكۈل مىللەتتە جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھىنى تۇرغۇزۇش — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئىدىيىۋى كاپالەتتۇر. دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى بىرقەدەر ئارقىدا قېلىپ، ئىگىلىك تىكلەش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلۇغ ئىگىلىك تىكلەش ئەمەلىيىتى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىگىلىك تىكلەش روھى كېرەك. ئىقتىسادىمىز زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان تەقدىردىمۇ بۇنداق روھنى ساقلاپ قېلىشقا ۋە جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. كەڭ كادىر ۋە ئامما ئارىسىدا جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھى توغرىسىدىكى تەربىيىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى دۆلەت ئەھۋالىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇشەققەتلىكلىكىنى توغرا تونۇپ، ۋەتەننى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۇرۇش، ھەممە ئىشنى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، غەيرەتكە كېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۇرۇشكە تىرىشىش، تەسلىكنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىشقا ئىنتىلىش، توختىماي ئىلگىرىلەش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىساد قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشى، سۆلەتۋازلىق-ھەشەمەتچىلىك قىلىپ، جامائەت پۇلىنى بۇزۇپ چېچىشنى قەتئىي مەنئى قىلىشى كېرەك.

(11) سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو، كوللېكتىپچىلىقنى پرىنسىپ، ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، پەننى ۋە سوتسىيالىزمنى سۆيۈشنى ئاساسىي تەلەپ قىلىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسى، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە ئىتتىپاقلىق-ھەمكارلىق، باراۋەرلىك-دوستلۇق ۋە ئورتاق ئىلگىرىلەش ئاساسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا، بولۇپمۇ پۈتۈن خەلق ئارىسىدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە كوللېكتىپچىلىق روھىنى تەشەببۇس قىلىش، كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، كوللېكتىپنى سۆيۈش، جامائەتكە پايدىلىق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش-قىيىن-

چىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىشنى، خەلق ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپرەك پايدىلىق ئىش قىلىشنى، پۇلپەرەسلىككە، راھەتپەرەسلىككە ۋە شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە تاقابىل تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە، دۆلەت كارخانىلار ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، كىشىلەرنى قانۇنلۇق تىجارەت ۋە ھالال ئەمگەك ئارقىلىق ئورۇنلۇق ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، كىشىلەرنى جەمئىيەت، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشقا، دۆلەت، كوللېكتىپ بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىشقا، گۇرۇھۋازلىققا، تارمەھكەمچىلىككە، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئېلىشقا، باشقىلارغا زىيان سېلىپ، ئۆزى نەپ ئېلىشقا قارشى تۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىنى پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي پائالىيەتلىرىدە قوللىنىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، مەدەنىيەتلىك-ئەدەبلىك بولىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، ئومۇمنىڭ مال-مۈلكىنى ئاسرايدىغان، مۇھىتنى ئاسرايدىغان، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاقنى، ئۆز ئىش ئورنىنى سۆيىدىغان، كەسپىنى قەدىرلەيدىغان، راستچىل-سەممىي بولىدىغان، ۋەزىپە تۇرىدىغان، ئىشنى ئادىل قىلىدىغان، ئاممىغا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدىغان كەسپىي ئەخلاقنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، كىچىكلەرگە كۆيۈنىدىغان، ئەر-ئايال باراۋەر بولىدىغان، ئەر-خوتۇن ئىناق ئۆتىدىغان، ئائىلىنى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرىدىغان، قولۇم-قوشنىلار ئىناق ئۆتىدىغان ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش لازىم. نۆۋەتتە كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى، كەسىپ ناتوغرا ئىستىلىنى تۈزىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك.

(12) ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش—دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، ئېسىل ئەخلاق يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ۋە ھەر خىل مەكتەپلەر پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى، ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشى، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى لازىم. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ئىدىيە-ئەخلاق دەرسىنى، سىياسىي

نەزەرىيە دەرسىنى ھەقىقىي كۆچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، بىلىم ئۆگىتىشنى مىجەز-خۇلقنى تاكامۇللاشتۇرۇش ۋە ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش بىلەن، شەخسنىڭ ئىختىساسلىشىشنى دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنى سۆيىدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، بىرلىپ ئۆگىنىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىدىغان، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىشقا پائال ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى بىلىشىگە، دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىشىگە، ۋەتەننى، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋە پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ كەڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ”ئۈمىد قۇرۇلۇشى“، ”ياش پىدائىيلاردىن بولۇش“ ۋە ”قولغا قولنى تۇتۇشۇش“ قاتارلىق پائالىيەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا كۆيۈنىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان روھنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشتىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت ياشلار-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك؛ مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت زىچ ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ ساغلام يېتىلىشى ئۈچۈن ئوبدان مۇھىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

(13) سوتسىيالىستىك ئەدەب-قائىدىلەرنىڭ شەكىللىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى تەلىم-تەربىيىگە باغلىق، شۇنداقلا قانۇنچىلىققىمۇ باغلىق. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ. پۈتكۈل خەلق ئارىسىدا ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنى پۇقرالارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ خىزمىتى ۋە تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇنلارنى بىلىدىغان، قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان، ئۆزىنى قانۇن بويىچە قاتتىق تۇتىدىغان، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغدايدىغان، قانۇن ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولىدىغان قىلىش كېرەك. ئالاقىدار قانۇن، نىزام ۋە تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى جازالاپ ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق

قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم. تەربىيە، قانۇن، مەمۇرىي، جامائەت پىكرى قاتارلىق ۋاستىلەرنى ئومۇميۈز-لۈك قوللىنىپ، ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ياخشى ئادەتنى يېتىشتۈرۈپ، مەدەنىيەتسىزلىككە ياتىدىغان قىلىقلارنى چەكلەپ ۋە توسۇپ، ساغلام كەيپىياتنى ئۇلغايتىپ، يامان ئىللەتلەرنى يوقىتىدىغان، ياخشى ئىشلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يامان ئىشلارنى تۈگىتىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم.

## 4. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش

(14) ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخبارات-نەشرىياتچىلىق، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىيا-جىنى قاندۇرۇش مىللەتىمىزنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ زور دەرىجىدە يۈكسىلىشىنى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. بىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىمىز خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي ئىجادكارلىق پائالىيىتىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقاندىلا، مىللەتىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىگە ۋە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغاندىلا ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرغاندىلا، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل نەتىجىلىرىنى پائال ئۆزلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ساغلام راۋاجلىنىدۇ، بارغانسېرى گۈللىنىدۇ.

(15) ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىرىنچى ۋەزىپە—نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىش. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خىلمۇخىللىقنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. ئېسىل ئەسەر ئىشلەش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئېسىل ئەسەر ئىشلەش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى بىرلىككە كەلگەن، كۆچلۈك جەلپ قىلىش ۋە تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان، كەڭ ئاما بەكمۇ قارشى ئالىدىغان بىرتۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتكە مۇھتاج، ئەدەبىيات-سەنئەت خەلققە تېخىمۇ مۇھتاج. كەڭ ئەدەبىيات-سەن-

www.uyghurkitap.com

ئەت خادىملىرى ئاما ئارىسىغا، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇزۇق ئېلىپ ئۆزىنى بېيىتىشى، توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى تىكلەپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە ئەستايىدىل ۋە جىددىي ئويلىنىپ، ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى خەلققە تەقدىم قىلىشى لازىم. ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتا ھەم يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىشتىن ھەم بىتەكلەشكە بوشاڭلىق قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، جانلىق-تېتىك بولىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەيدىغان ياخشى كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇش، بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە بەدىئىي شەكىلنى تېخىمۇ ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ساغلام بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزورچىلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزورچىلىقىنىڭ توغرا يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. "خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش" يۆنىلىشىگە سوغۇق پوزىتسىيە تۇتىدىغان، ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن يىراقلىشىپ كېتىدىغان، بەزىلەرنىڭ پەس ئارزۇ-ھەۋەسلىگە ماسلىشىپ بېرىدىغان، "ھەممىدە پۇلنى كۆزلەيدىغان"، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئەنئەنىسىنى كەمسىتىدىغان، چىرىك ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىمىنى قەدىرلەيدىغان خاھىشلارنىڭ ھەممىسى خاتا، بۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم.

(16) ئاخبارات تەشۋىقاتى خىزمىتىدە پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، ئىتتىپاقلىقتا، مۇقىملىقتا، غەيرەتكە كېلىشتە، ئىجابىي تەشۋىق قىلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك. پارتىيە گېزىتى-پارتىيە ژۇرنىلى، دۆلەت ئاگېنتلىقى ۋە رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۆزىنىڭ يېتەكلىگۈچى رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرگە بولغان يېتەكچىلىك ۋە جامائەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلىشىغا ياردەم قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بولغان ئىشەنچىنى ۋە قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇسۇللىرىنى ياخشىلاپ، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. رادىئو-تېلېۋىزىيە خىزمىتىدە پروگرامما سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئېسىل پروگرامما سانىنى كۆپەيتىشى، سۈپىتى تۆۋەن، مەزمۇنى ساغلام بولمىغان پروگراممىلارنىڭ ئاڭلىتىلىشىنى چەكلىشى لازىم.

نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەتبۇئات بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىپ، يامان ئەسەرلەرنى نەشر قىلماي، ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ

نەشر قىلىش كېرەك. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى يېڭى، ئېسىل مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە دائىر ئېسىل ئەسەرلەر ۋە قىممىتى بار ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى پائال يۆلەپ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش كېرەك. ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە مەتبۇئات بۆيۈملىرى پۈتۈن جەمئىيەتتە ۋەتىنىمىزنىڭ تىل-يېزىقلىرىنى توغرا قوللىنىش ئۈچۈن ئۈلگە كۆرسىتىشى لازىم.

ئاخبارات-نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا بولغان ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، نۆۋەتتە ئومۇمىي مىقدارى ھەددىدىن كۆپ بولۇش، قۇرۇلما جەھەتتە تەكشۈكلۈكنى يوقىتىش، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش، سۈپەتكە سەل قاراشتەك چېچىلاڭغۇلۇق، قالايمىقانچىلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، كۆلەمنى، سانىنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلىشتىن سۈپەتنى، ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ قايتا-قايتا چاتاق چىقارغان ياكى ئاساسىي شەرتلەرنى ھازىرلىمىغان ئاخبارات-نەشرىيات ئورۇنلىرىنى ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىش، تەلەپكە يېتەلمىگەنلىرىنى ئىشتىن توختىتىش شەرت.

(17) پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەندە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا ۋە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى چوڭ-چوڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش لازىم. ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىش، نۇقتىلىق پەنلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. ھازىرقى دۇنيادىكى يېڭى ئۆزگىرىش ۋە تۈرلۈك پىكىر-ئېقىملار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا، ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئۇنى توغرا تونۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى پىلانلاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش، كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ چوڭ-چوڭ تېمىلار بويىچە ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، قىممىتى بار تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، ئىلمىي-ئېھتىياتچان بولۇشتەك ئۆگە-نىش ئىستىلىنى تەشەببۇس قىلىش، ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي قاراش ئۈستىدە ئۆزئارا مەسلىھەت سوراشقا

ئىلهام بېرىش لازىم. ئىلىم مەسىلىسى بىلەن سىياسىي مەسىلىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم. ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىلىرىگە قارىتا پائال يېتەكلەش يولىنى تۇتۇش لازىم. سىياسىي يۆنىلىشكە، چوڭ-چوڭ پرىنسىپقا تاقىلىدىغان مەسىلىلەردە، ئوچۇق پوزىتسىيە تۇتۇش، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى بويلاپ راۋاجلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم.

(18) بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى، بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەدەنىيەت بازىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ساھە، ئۇنىڭ چىرىك ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭ كۆپىيىپ تارقىلىدىغان سورۇنىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. مەدەنىيەت بازىرىنى پائال يېتىشتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساغلام مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پايدىلىق مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى تەشەببۇس قىلىپ، مەدەنىي تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشى جانلاندۇرۇش ۋە بېيىتىش لازىم. قانۇنلۇق تىجارەتنى ۋە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزۈشنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم. سېرىق مەتبۇئات بۇيۇملىرىنى يوقىتىش، قانۇنسىز نەشرىياتچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى قەتئىي بوشاشماي قانات يايدۇرۇش لازىم. مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملارنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاممىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم.

(19) مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ چىقىش يولى. ئىسلاھ قىلىشتا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش، ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ چىقىرىش، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. ئىسلاھات مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەلىپگە ئۇيغۇن كېلىشى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشى، بازار مېخانىزمىنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى ماددىي مەھسۇلاتلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئەڭ مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، دۆلەت، ئورۇن ۋە شەخسلەر

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، دۆلەت مۇھىم نۇقتىلارغا كاپالەتلىك قىلىدىغان، جامائەتنىڭ مەدەنىيەت ئېشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىدىغان تەرەققىيات قۇرۇلمىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈش لازىم. مەدەنىيەت كارخانا ئورۇنلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەم رىقابەتكە رىغبەتلەندۈرىدىغان، ھەم مەسئۇلىيەت بىلەن چەكلەپ تۇرىدىغان مېخانىزمنى بەرپا قىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم.

## 5. ئاممىۋى مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش

(20) پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان ئاممىۋى مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى خەلق ئاممىسىنىڭ ناچار ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشىدىكى ئۇلۇغ ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش ۋە ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پايدىلىق. مەدەنىيەتلىك ئائىلە، مەدەنىيەتلىك ئورۇن ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق، ساقچىلار بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا ئوخشاش مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش، مەدەنىيەتلىك، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ، مەھەللە مەدەنىيىتى، كەنت-بازار مەدەنىيىتى، كارخانا مەدەنىيىتى ۋە مەكتەپ مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش لازىم. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش پائالىيىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم.

شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسى ۋە شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، مەدەنىيەتلىك شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. ھەرقايسى ئورۇنلار مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، تەرتىپنى ياخشىلاش، سۈپەتلىك مۇلازىمەتچىلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى دەۋرىي قىلىپ، شەھەرلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. ئالدى بىلەن بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر، ئۆلكە مەركىزى شەھەرلەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مەركىزى ۋە دېڭىز بويىدىكى، غول

قاتناش لىنىيىسى بويىدىكى چوڭ شەھەرلەردە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئوبدان يولغا قويۇش كېرەك. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر ئومۇمىي پىلان تۈزۈپ چىقىپ، 2010-يىلغىچە ئۆلگىلىك رول ئوينايدىغان بىر تۈركۈم مەدەنىيەتلىك شەھەر ۋە مەدەنىيەتلىك مەھەللىلەرنى قۇرۇپ چىقىشى لازىم. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

دېھقانلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، مەدەنىيەتلىك يېزا-بازار بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. بازارنى مۇھىم نۇقتا قىلىش، بازار ئارقىلىق كەنتنى يېتەكلەش، ئومۇمىي پىلان تۈزۈپ چىقىپ ئۇنى قەدەممۇقەدەم ئالغا سۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەتلىك كەنت-بازار قۇرۇلۇشىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش بىلەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش، يېزا-كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتىنىڭ كەڭ دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش بىلەن، پىلانلىق تۇغۇت، يەر تېجەش، مۇھىت قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىغا ئاساسەن، يېزا قائىدىسى، كەنت ئاھالىسى ئەھدىنامىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، كونا قائىدە-يوسۇن ۋە نامۇۋاپىق ئادەتلەرنى تۈگىتىش، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش لازىم. مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكىنى يېزىلارغا چۈشۈرۈش، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ئوبدان يولغا قويۇش كېرەك. يېزىلاردىكى پارتىيىلىك كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، زىيالىي ياشلار ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ كەسىپ ئالماشقان ھەربىيلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، مەدەنىيەتلىك كەسىپنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. ھەرقايسى ساھە ۋە كەسىپلەر بولۇپمۇ ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆزنەك كەسىپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە كەسپىي جاۋابكارلىق، كەسپىي ئەخلاق، كەسپىي ئىنتىزام تەربىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىپ، ئىش ئورنى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشى، كەسىپ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كەسىپلەر بويىچە يېڭى ئىستىل تىكلىشى لازىم.

تۈرلۈك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا

تىرىشىش كېرەك، شۇ ئارقىلىق ئاما قاتنىشىش جەريانىدا تەربىيە ئېلىش، ئەمەلىيەت جەريانىدا يۈكسىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسۇن، شەكىلۋازلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك.

(21) سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ نەمۇنىلىرى. كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى ۋە ئىدىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىلغارلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلارنى تەقدىرلەش لازىم. خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان قەھرىمان-نەمۇنىچىلەرگە ۋە ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىلغار شەخسلەرگە قىزغىن غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش لازىم.

## 6. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سېلىنمىسىنى ھەقىقىي كۆپەيتىش

(22) سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. زۆرۈر ماددىي كاپالەت بولمىسا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى نۇرغۇن ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەس بولۇپ قالىدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ، زۆرۈر مەبلەغ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىپ، قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئۈنۈملۈك مەبلەغ توپلاش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كۆپ يول بىلەن مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش لازىم.

(23) نۆۋەتتە تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرى سېلىنمىسى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئازراق، نىسبىتىنىڭ تۆۋەنرەك بولۇشىدەك مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش كېرەك. گوۋۇيۈەن چىقارغان «مەدەنىيەتكە ئائىت ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. مەركەز مالىيىسىدىن ۋە يەرلىك مالىيىدىن تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئاجرىتىلىدىغان سېلىنمىنى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يىلدىن-يىلغا كۆپەيتىپ بېرىش لازىم، كۆپەيتىش دەرىجىسى مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش دەرىجىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىغا مالىيىدىن ئاجرىتىلىدىغان مەخسۇس مەبلەغ تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. باج، قەرز، باھا

قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋاستىلەر ئارقىلىق تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى قوللاش كېرەك. تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىغا مالىيە بېجى جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىجتىمائىي كۈچلەرنى تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدىكى تەرەققىي قىلمىغان رايونلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ كۆپەيتىش كېرەك. ھۆكۈمەت قۇرغان كۇتۇپخانا، مۇزېي، پەن-تېخنىكا يۇرتى، مەدەنىيەت يۇرتى، ئىنقىلابىي تارىخىي خاتىرە سارىيى قاتارلىق ئومۇمغا مەنپەئەتلىك بولغان كەسپىي ئورۇنلارنى خىراجەت بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى سەۋىيىسى ۋە سەنئەت سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلار، دۆلەت سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سەنئەت مەكتەپلىرى، ئويۇن كۆرسىتىش تەشكىلاتلىرى، دۆلەتلىك نۇقتىلىق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورۇنلىرى، ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت تەشكىلاتلىرىغا ياردەم بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

(24) مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، قۇرۇلمىلارنى سەرخىللاشتۇرۇش، مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈش تەلپىگە ئاساسەن، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. چەكلىك مەبلەغنى مۇھىم تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا ۋە ئامما ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان مەدەنىيەت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىغا كۆپرەك ئىشلىتىش كېرەك. شەھەر قۇرۇلۇشىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئوبدان ئېلىپ بېرىش كېرەك. چوڭ ۋە ئوتتۇرا شەھەرلەردە كۇتۇپخانا، مۇزېيلارنى نۇقتىلىق قۇرۇش، شارائىتى يار بېرىدىغانلار پەن-تېخنىكا يۇرتىنىمۇ قۇرۇشى كېرەك. ناھىيە ۋە يېزىلاردا ئاساسلىقى ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى قۇرۇش لازىم. مەركەز ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك رادىئو- تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، رادىئو-تېلېۋىزورنى ئومۇملاشتۇرۇش تورى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەتلىك مۇزېي، دۆلەتلىك چوڭ تىياتىرخانا قاتارلىق مۇھىم تەسىرگە ئىگە دۆلەتلىك نۇقتىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىنى پىلانلىق قۇرۇپ چىقىش لازىم.

مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەبلەغ ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم. ھازىر بار مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئالىي دەرىجىلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى قۇرۇشنى قاتتىق كونترول قىلىش لازىم. مەدەنىيەت، ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەن نام بىلەن فېئودال خۇراپاتلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان

سورۇنلارنى قۇرۇشنى مەنئى قىلىش لازىم.

## 7. پارتىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش

(25) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى—سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىمىزنىڭ رەھبەر-لىك يادروسى. ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىدە، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچىمۇ پارتىيىدە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇشتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەتنى بىر پۈتۈن كۆرەش نىشانى قىلىپ، تەڭ ئورۇنلاشتۇرۇ-شى، تەڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، تەڭ تەكشۈرۈشى لازىم. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ۋە ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلىرىنى سىناش، باھالاشتا، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش جەھەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىلىرىگە ۋە ئىقتىدارىغا قاراش بىلەنلا قالماي، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش جەھەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىلىرى ۋە ئىقتىدارىغىمۇ قاراش كېرەك. بۇنى كادىرلارنى ئىشقا قويۇش ۋە جازالاش، مۇكاپاتلاشنىڭ تۈپ ئاساسى قىلىش لازىم.

تەشۋىقات-ئىدىيە-مەدەنىيەت خىزمەت تارماقلىرى ۋە ئورۇنلىرى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئۇلارغا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى لازىم. تەشۋىقات، جامائەت پىكرى بازىلىرىنى پارتىيە ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتۇپ، ماركسىزمغا سادىق بولغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي ماڭىدىغان، كەسىپچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى ئىگە بولغان، سىياسىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، كەسىپكە پىششىق يولداشلارنى تاللاپ رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈ-شى لازىم.

ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت—پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي ئارتۇقچىلىقى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساس خاراكتېرلىك خىزمىتى ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشنىڭ تۈپ كاپالىتى، يېڭى ۋەزىيەتتە بۇ خىزمەتنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بۇ خىزمەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ئەھۋالىنى ھەر دائىم تەتقىق قىلىپ، كۈچلۈك ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئارقىلىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم. پارتىيىنىڭ ئىدارە، كارخانا، كەسپىي ئورۇن،

كەنت، مەكتەپ ۋە مەھەللىلەردىكى تەشكىلاتلىرى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئاساسىي قاتلامغا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. دېموكراتىك پرىنسىپ ۋە توغرا يېتەكلەش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوبيېكتلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قاراتمىلىقنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ بېرىش لازىم.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە جەھەتلىرىگە سىڭگەن، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن جەمئىيەت بۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرى تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇشى، بىرلىكتە كۈچنى ھاسىل قىلىشى لازىم. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ رولىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھەرقايسى تارماقلار سىياسەت تۈزگەندە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئاساس قىلىشى، ئىقتىسادنىڭ ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا پايدا يەتكۈزۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ پايدا يەتكۈزۈشى لازىم. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىقتىسادنىڭ بىردەملىك تەرەققىياتىنى دەپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىدىغان ئىشنى قىلماسلىق كېرەك.

(26) نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى ئۇسۇللار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىجادكارلىق بىلەن ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش لازىم. مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچان خەلقئارا مۇھىتتا، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇۋاتقان شارائىتتا، رەھبىرىي كادىرلار ئۆگىنىشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشى، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى بولۇپمۇ ئىدىيىۋى-سىياسىي-نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. ماركسىزم بىلەن ماركسىزمغا قارشى نەرسىلەر، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، تارىخىي ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزم، مېتافىزىكا، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش بىلەن خۇسۇسىيلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن غەرب پارلامېنت دېموكراتىيىسى، سوتسىيالىستىك ئىدىيە، مەدەنىيەت بىلەن فېئودالىزملىق، كاپىتالىزملىق چىرىك ئىدىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردىكى

ھەق بىلەن ناھەقنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە توغرا سىياسىي مەيداندا
تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خاتا ئىدىيىۋى خاھىشلارنىڭ كاشىلىسىنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ، مەنىۋى
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

(27) سىياسەتتە كۈچلۈك بولۇش، كەسىپتە پىششىق بولۇش، ئىستىلدا توغرا بولۇش تەلىپى بويىچە،
سۈپىتى يۇقىرى بولغان تەشۋىقات-ئىدىيە-مەدەنىيەت-مائارىپ قوشۇنىنى بەرپا قىلىش—سوتسىيالىستىك
مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلـ
ـرى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، ھەقىقىي ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك زور بىر
تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشى لازىم. مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ يېڭى
يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىشىگە مەدەت بېرىش لازىم. تەرەققىيات ئىستىقبالى بار كېيىن يېتىلىدىغان ئەزىمەتلەرنى
تاللاپ ئۆستۈرۈپ ۋە تەربىيىلەپ، ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، ئىشلارنىڭ ئېغىرىنى يۈكلەپ، تەلەپنى قاتتىق قويۇپ،
پائال يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىش لازىم. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى
تارماقلار كەلگۈسى 15 يىللىق تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئومۇمىي پىلان تۈزۈپ، زاپاس قوشۇن
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى لازىم. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمىتى
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ھەممە ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيـ
ـلەشتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلارغا كۆپ غەمخورلۇق قىلىش، كۆپ ياردەم بېرىش لازىم.

قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، قوشۇننى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيـ
ـتىش لازىم. ھەقلىق خەۋەرلەرنى، كىتاب نومۇرى سودىسىنى، يولسىزلىق بىلەن يۇقىرى ھەق شىلىۋېلىشنى
قاتتىق چەكلەش لازىم. كەسىپىي ئەخلاققا خىلاپلىق قىلغانلارنى تەنقىد قىلىش، تەربىيىلەش لازىم، قايتا-
قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرتمىگەنلەرنى قاتتىق بىرتەرەپ قىلىش لازىم.

(28) مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئالدى بىلەن پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇش، پارتىيە
ئىستىلىنى ياخشىلاش كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت
ئەترىتى. كومپارتىيە ئەزالىرى پۈتۈن جەمئىيەتتە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، پارتىيىنىڭ رەھبىرىي
كادىرلىرى پۈتۈن پارتىيىدە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىغا بولۇپمۇ رەھبىرىي
كادىرلارغا قارىتا قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرۇش ۋە قاتتىق نازارەت قىلىش ئىشىنى
كۈچەيتىش لازىم. رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى ئېھتىيات قىلىشى، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆزىنى ھوشيار
تۇتۇشى، ئۆزىنى تىرىشىشقا ئۈندەپ تۇرۇشى، ئۆزى ئۈلگە بولۇشى ۋە سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك

www.uyghurkitap.com

بولۇشى لازىم. باشقىلارنىڭ قىلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزى ئورۇندىشى، باشقىلارنىڭ قىلىشىنى مەنئى قىلغان ئىشنى ئۆزى ھەرگىز قىلماسلىقى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق رەۋىشتە قوبۇل قىلىشى، ھوقۇق، پۇل ۋە سەتەڭلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشىنى قەتئىي بوشاشماي كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش لازىم. ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى مەيلى قانداق ئادەمگە چېتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، تۇسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان پارتىيىنىڭ پارتىيە ئىستىلى پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك. ھەر تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويغانسېرى، كومپارتىيە ئەزالىرى بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىنى شۇنچە چىڭىتىپ، كوممۇنىستىك ئەخلاقتا ئۆزى باش بولۇپ ئەمەل قىلىپ، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، ئادىل-پاك بولۇپ، ئومۇمىيەتكە بويسۇنۇپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. نۆۋەتتە پۈتۈن پارتىيىدە نەزەرىيە ئۆگىنىش، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلماقتا. بۇ پائالىيەتتە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بىر قېتىملىق پارتىيىۋىلىك ۋە پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى مەركەزلىك ئېلىپ بېرىش لازىم. تەربىيىنى ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، غايە، ئېتىقاد ۋە ئىدىيىۋى ئىستىل جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھالدا ھەل قىلىپ، تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ۋە قەتئىيلىكلىكىنى كۈچەيتىپ، بەزى رەھبىرىي كادىرلارنى بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ بېرىۋاتقان كۈرەشتە نىشاندىن ئادىشىپ قېلىشتىن ساقلاش لازىم.

(29) ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنى قۇردى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئورگانلارنى قۇرسا بولىدۇ.

(30) جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى دۆلىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم كۈچ. ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى

جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، تىرىشىپ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىشى لازىم. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر ھەققىدە، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت مۇشۇ قارارنىڭ روھىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلار — يېڭى ئۇلۇغ ئىنقىلاب. مۇشۇ ئىنقىلابتا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە جۇڭگو خەلقى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش، يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ئىشەنچىگە ھەم ئىقتىدارىغا ئىگە. ئومۇمىي يىغىن پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پۇختا ئىشلەپ، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ!

**(جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزىنىڭ تەرجىمىسى)**

# ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلار سىياسەتنى تەكىتلەشكە ئېخمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك

لىيۇ مىڭزۇ

يولداش جياڭ زېمىن يىقىندا ”رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم سىياسەتنى تەكىتلىشى كېرەك“ لىكىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”مەن بۇ يەردە دەۋاتقان سىياسەت سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆزقاراش، سىياسىي ئىنتىزام، سىياسىي جەھەتتىكى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىياسىي مەسىلىدە، مېڭىنى چوقۇم سەگەك تۇتۇش كېرەك.“ يولداش جياڭ زېمىنىنىڭ بۇ كۆرسەتمىسىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زور ھەم چوڭقۇرلۇقىنى تولۇق ھېس قىلدىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ قانداق قىلىپ ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇ كۆرسەتمىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر چوڭ مەسىلە.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدە سىنىپ، پارتىيە پەيدا بولغاندىن كېيىن، سىياسەت بىلەن ئىقتىساد ئايرىلماس بولۇپ كەلدى. سىياسەت ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. يولداش ماۋ زېدۇڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”سىياسىي خىزمەت بارلىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ جان تومۇرىدۇر.“ بۇ بىر ھەقىقەت. بۇرۇنمۇ شۇنداق بولغان، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى قۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتىمۇ يەنىلا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بىز كوممۇنىستلارنىڭ ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان كۆرەش نىشانىمىز، مەيلى سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىمىز بولسۇن، ياكى ئەڭ ئاخىرى كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىمىز بولسۇن، بىز كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆزقاراش، سىياسىي مەقسىتىمىزنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سىياسەتنى تەكىتلەش—پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئۆز ئۈستىگە ئالغان مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش جەريانىدا، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قويغان مۇقەررەر تەلىپىدۇر. مەملىكىتىمىزدە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇ رايونلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان كادىرلارنىڭ سىياسەتنى تەكىتلەشكە ئېخمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ

ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ كۆپىنچىسى چېگرا رايونلار بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ناچار، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، مەدەنىيىتى دېڭىز بويى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭكىدەك تەرەققىي قىلمىغان، تۇرمۇش شارائىتى بىر قەدەر جاپالىق. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئورنىنى توغرا تونۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئىستىقبالىنى توغرا تونۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان قىيىنچىلىقلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش — مانا بۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلارغا سىياسەتنى تەكىتلەش جەھەتتە قويۇلغان ئەڭ ئاساسىي تەلەپلەر.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلار سىياسەتنى تەكىتلەشتە ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلىشى كېرەك. مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىر چوڭ ئائىلە بولۇپ، 56 مىللەت بىرلىكتە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ياراتتى. پارتىيىمىز ئەزەلدىن مۇنداق دەپ قاراپ كەلدىكى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشىدىن، تارىخىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىدىن، تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشتى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئاساسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇشى كېرەك. دەل مۇشۇنداق تونۇش ئاساسىدا، پارتىيىمىز ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىللىرىدىلا مىللەتلەر خىزمىتى ۋە مىللەتلەر مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئېتىبار بىلەن قارىغانىدى. ئۇزاق مەزگىللىك ئىزدىنىش ئارقىلىق، پارتىيىمىز ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىمىز جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىرىنچى بولۇپ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان رايون. 1947-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگىچە بولغان يېرىم ئەسىردەك تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل دۆلەتنىڭ مەركەزلىكى ۋە بىرلىكىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرىدىغان، سىياسىي ئامىللارنى ئىقتىسادىي ئامىللار بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرىدىغان تۈزۈم مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا تامامەن ماس كېلىدۇ، ئۇ مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى بىردىنبىر توغرا تۈزۈم. بۇ ئاساسىي تۈزۈم پارتىيىمىز ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر ئۇلۇغ ئىجادىيىتى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە قوشۇلغان زور تۆھپىدۇر. يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان،

پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى تىپتىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورناتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، سوتسىيالىزم قۇرۇش داۋامىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، تەرەققىياتىنى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بىر قاتار ئاساسىي سىياسەتلەرنى شەكىللەندۈردى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلار سىياسەتنى تەكىتلەشتە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى تەكىتلىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تەكىتلىشى كېرەك. بۇ، بىز ئىگەللىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر ئاساسىي سىياسىي كۆزقاراش.

نۆۋەتتە، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ”پارچىلاش“ ”غەربچىلەشتۈرۈش“ تاكتىكىسىنى كۈچەپ يۈرگۈزۈپ، دۆلىتىمىزگە ۋە دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە قارىتا سىڭدۈرمىچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. بۇنىڭغا نىسبەتەن، بىزدە يۈكسەك سىياسىي سەزگۈرلۈك بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا يول قويماسلىقىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ”غەربچىلەشتۈرۈش“ كە، ”پارچىلاش“ قا قارشى كۈرەش قىلىش تېخىمۇ مۈشكۈل ۋەزىپە. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ھەم دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئالدىنقى سەپ، ھەم ”غەربچىلەشتۈرۈش“، ”پارچىلاش“ نىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئالدىنقى قاراۋۇل پوزىتسىيىسىدۇر. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى سىياسەتنى تەكىتلەشتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى تەكىتلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئاڭلىق ھالدا ياخشى ئۆگىنىپ ۋە قوللىنىپ، ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ياخشى ئۆگىنىپ، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۋە سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. مەسىلىلەرنى چۈشىنىش، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش داۋامىدا، باشتىن ئاخىر دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر ۋاقىت دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتەك سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختىلىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلار سىياسەتنى تەكىتلەشتە، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، چېگرا رايونلارنى تىنچلاندۇرۇش،

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ ئاساسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇرۇنلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: ئاز سانلىق مىللەت رايونىغا نەزەر سالغاندا، ئاساسلىقى شۇ رايوننىڭ تەرەققىي قىلىش-قىلالماسلىقىغا قاراش كېرەك؛ بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش سىياسىتىمىز قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يۈرگۈزۈشتە ئىقتىساد ياخشىلانمىسا، ئۇ قۇرۇق ئاپتونومىيە بولۇپ قالىدۇ؛ بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قاراتقان سىياسىتىمىز بۇ رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە چوڭقۇر مەنىلىك ۋە سەممىي سۆزلەر بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى ”پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، مۇھىمى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ھازىر ئەتراپىمىزدىكى بەزى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىزنىڭكىدىن تېز بولىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز تەرەققىي قىلمىساق ياكى تەرەققىياتىمىز بەك ئاستا بولسا، پۇقرالىرىمىز بىر سېلىشتۇرسىلا مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ“ دەپ ئاگاھلاندۇردى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ مۇپەسسەل بايانلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، پەقەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە ئازاد قىلىپ، ئىقتىسادىي كۈچىمىزنى ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ توغرىلىقىنى مىسلىسىز قايىل قىلارلىق پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كومپارتىيە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە بولغان ئىنتىلىش كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىسادىي ۋەزىپە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زور سىياسىي ۋەزىپىدۇر.

ماركسىزم، مىللەتلەر مەسىلىسى ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارايدۇ. مىللەتلەر مەسىلىسىنى پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىش داۋامىدا قەدەممۇقەدەم ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى باسقۇچتا، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى مەركەزلىك ھالدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىشى جەھەتتە ئىپادىلىنىمەكتە. شۇنى كۆرۈش لازىمكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككۈدەك زور تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. لېكىن تەبىئىي، تارىخىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردىكى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇراھال تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرقى چوڭىيىۋاتىدۇ، بۇ پەرق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئامىسىنىڭ تەرەققىياتنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلىشتەك كۈچلۈك ئارزۇسىغا زىت كېلىدىغان گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قېلىپ، ئۆتكۈر ھالدا بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلدى. بۇ ھال بىزنىڭ دەۋرگە خاس تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارنى يېتەكلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى تەۋرەنمەي چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىشى ۋە گۈللىنىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

پۈتۈن مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئادىمى ئاز، يېرى كۆپ، يەر ئۈستى، يەر ئاستى بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، تەرەققىياتىدا غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى بار. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 183 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ؛ نوپۇسى 22 مىليون بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسى ئومۇمىي سانىنىڭ پەقەت ئاتمىشتىن بىرىنىلا ئىگىلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسىنىڭ ساقلىنىش قىممىتى ( نېفىت، تەبىئىي گازنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 13 تىرىليون يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 30 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا يولداش دېڭ شياۋپىڭ: "ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ يايلاقلىرى كەڭ، نوپۇسمۇ كۆپ ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن تەرەققىي قىلىپ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن" دېگەنىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا بايلىق مەنبەسى ناھايىتى مول، يەنە كېلىپ ئاپتونوم رايونىمىز بوخەي دېڭىزى بويى ئىقتىسادىي رايونىدا بولۇپ، شەرقىي شىمال ئىقتىسادىي رايونى، شىمالىي جۇڭگو ئىقتىسادىي رايونى، غەربىي شىمال ئىقتىسادىي رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي جۇڭگو ئىقتىسادىي رايونى بىلەن يېقىن، ئۇ كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە بولۇپ، دۆلەت نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىدىكى ئورنى بارغانسېرى كۆرۈنەرلىك بولماقتا، بەزى كەسىپلىرى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا خېلىلا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ھازىر دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىدا بۇنىڭغا قارىتا ئېنىق سىياسەت تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پەقەت بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىمىزنى خەلقئارا بازار بىلەن ئىچكى بازاردىن ئىبارەت ئىككى بازارغا قويىدىغانلا بولساق، تەرەققىياتنى تېزلىتىشىمىز تامامەن مۇمكىن. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم

رايونى 9-بەش يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش داۋامىدا، ”ئىككىنى ئۆستۈرۈش“ يەنى مالىيە كىرىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ كۆرەش نىشانى پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ ھەم ئىقتىسادىي نىشان، ھەم سىياسىي نىشاندۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ”ئىككىنى ئۆستۈرۈش“نى ئىشقا ئاشۇرۇش سىياسەتنى تەكىتلەشنىڭ ئەڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئىچكى موڭغۇلدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى چوقۇم زىممىمىزگە ئالغان تارىخىي مەسئۇلىيەت-نى سىياسىي نۇقتىدىن تونۇپ، ئۆزىمىزدە كىرىزىس تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى تىكلىشىمىز لازىم. بىز ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى توغرا تونۇشىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز، ئۆزىمىز دۇچ كېلىۋاتقان تارىخىي خاراكتېرلىك پۇرسەتنى كۆرۈشىمىز، پۇرسەت ئېگى، تەرەققىيات ئېگىمىزنى ھەقىقىي ئاشۇرۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ئىچكى موڭغۇلنىڭ 9-بەش يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بارلىق خىزمەتلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتىنى ”ئىككىنى ئۆستۈرۈش“كە ھەقىقىي قويۇشىمىز لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلار سىياسەتنى تەكىتلەشتە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت جىددىي تەلەپ ئالدىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى نەگە قارىتىشى كېرەك؟ ئىقتىسادىي ئاساسنىڭ ئاجىزلىقىنىلا كۆرۈپ ئىشەنچىنى يوقىتىدىغان، بايلىقنىڭ موللۇقىنىلا كۆرۈپ قارىغۇلارچە ئۈمىدۋار بولۇپ كېتىدىغان، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىلا تۇتۇپ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سەل قارايدىغان خاھىشلارنىڭ ھەممىسى پاسسىپ ۋە بىر تەرەپلىمە خاھىشتۇر. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەيلى ئۆتمۈشتە بولسۇن، ھازىر بولسۇن ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئاساسلىقى، كىشىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا، ئاساسلىقى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيە-سىگە ۋە زامانىۋى بىلىم، ئىقتىدار ئىگەللىگەن ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە باغلىق. بازار رىقابىتى، تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىختىساسلىق خادىملار رىقابىتى، كىشىلەرنىڭ ساپاسى جەھەتتى-كى رىقابەتتۇر. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، دۇنيا مىقياسىدا ھەر خىل ئىدىيە، مەدەنىيەتلەر بىر-بىرىگە تەسىر قىلىۋاتقان شارائىتتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش-بارالماس-لىق ئېلىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ گۈللىنىش ياكى خارابلىشىشىغا، 21-ئەسىرگە قانداق بىر جۇڭگونى ئېلىپ كىرىشكە مۇناسىۋەتلىك ئىش، دەپ كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باشتىن ئاخىر ئىخشماي ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، ئىدىيە ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا، ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلىرى كۆپرەك، مالىيەدە قىيىنچىلىق بار بولغانلىقتىن، تۈرلۈك ئىشلارنى يولغا قويۇش تەسكە توختايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، بىزنىڭ "ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش" فاڭجېنىنى مەھكەم ئىگەللەپ، "بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق" بولۇپ قالىدىغان ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر. ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، روھىي جەھەتتە چۈشكۈن بولۇش، ئەخلاق سەۋىيىسى يۇقىرى بولماسلىق، مەدەنىيەت توختاپ قېلىش، كىشىلەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەسلىك بىر قاتار ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېغىر توسالغۇسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ھەم ئۇلارنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولغان بىر قىسىم كونا ئىدىيە، كونا قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن-تېخنىكا، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزام-چان يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ھەقىقىي تۈردە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە ئەمگەكچىلەر ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە تايىنىدىغان يولغا سېلىشىمىز لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلار سىياسەتنى تەكىتلەشتە، ئەمەلىي خىزمەتتە ئومۇمىيلىقنى تەكىتلەش، ئىنتىپاقلىقنى تەكىتلەش، تۆھپە يارىتىشنى تەكىتلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى. ماركسىزمنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق تۈرلۈك مۇرەككەپ شەيئىلەرنى تەھلىل قىلىپ، نېمىنىڭ قىسمەنلىكلىكى، نېمىنىڭ ئومۇمىيلىقلىقىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش لازىم. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قىسمەنلىكنى ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرۇش، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا مەركەزنىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى قوغداپ، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا نىسبەتەن ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىشىنى قوللاش لازىم. بۇ ھەم سىياسىي ئىنتىزامنىڭ تەلپى، ھەم دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئىزچىل، ماس قەدەمدە،

ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنىڭ تەلىپى، ئىنتايىن مۇھىمى، ئۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىدۇر. قىسمەنلىك ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇشى شەرت، دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق، مەلۇم بىر رايونغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. دۆلەتنىڭ ئومۇمىيلىقىدىن قارىغاندا، پەقەت ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ھوقۇقىنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا نىسبەتەن ئۈنۈملۈك ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلغاندىلا، ئاندىن تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رايونلار ئارىسىدىكى پەرقنى قەدەممۇ قەدەم كىچىكلەتكىلى بولىدۇ. بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەركەز سىياسەت تۈزگەندە جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مەنپەئەتىنى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا رايون بويىچە ئېتىبار بېرىش، كەسىپ بويىچە ئېتىبار بېرىش ۋە مەبلەغ بويىچە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، شەرقىي رايونلار بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنى ماسلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى دۆلەت تەرەققىيات ئومۇمىيلىقىنىڭ ئېھتىياجى، ئىنتايىن مۇھىمى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تېپىلغۇسىز پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بىز چوقۇم بۇ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، تولۇق پايدىلىنىپ، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ سىستېما بويىچە بېرىدىغان ياردىمىنى پائال تۈردە جەلپ قىلىپ ۋە قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ياردىمى ۋە ھەمكارلىقىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۈچەيتىشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. نۆۋەتتە، بىز دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئېچىشنى ئاكتىپلىق بىلەن قارشى ئېلىپ ۋە قوللاپ، دۆلەت ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىشنى بېكىتكەن قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئۈستىدىكى مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى، چارلاش ۋە ئالدىن تەييارلىق كۆرۈش قاتارلىق قوشۇمچە خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئېچىشنى يېتەكلەش ستراتېگىيىسىنى پائال يۈرگۈزۈپ، ئىچكى جەھەتتىن كىرگۈزۈش بىلەن تاشقى جەھەتتىن بىرلىشىش ئىشلىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىمىز بىلەن شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلىشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئېنىرگىيە، خام ئەشيا-ماتېرىيال قاتارلىق جەھەتلەردىن زور ياردەم بېرىش جەريانىدا، ئۆزىمىزنىڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ مۇناسىۋىتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى—سىياسىي مۇقىملىقنىڭ مۇھىم شەرتى، سىياسىي مۇقىملىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى. بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، چېگرا رايوننىڭ ئۇزاققىچە تىنچ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ خىزمىتىدىكى ھەممىدىن مۇھىم چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇشىمىز كېرەك. بىز سوتسىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، بايرىقى ئاستىدا بەرپا قىلغان مىللەتلەر ئارا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئۆزئارا بېقىنىش ئاساسىدىكى يېڭىچە مۇناسىۋەت مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللەپ ياشنىشىنىڭ كاپالىتى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇرۇنلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى—ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى.“ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كادىرلار ئالدى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ باشلامچىسى بولۇشى، پارتىيىۋىلىكنى، ئىنتىزامنى، پرىنسىپنى، ئومۇمىيلىقنى، بىردەكلىكنى تەكىتلىشى لازىم. پارتىيىدە مىللەت ئايرىلمايدۇ، سىز قايسى مىللەتتىن بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىزمۇ ئۆز مىللىتىڭىزنىڭ پارتىيىدىكى ۋەكىلى بولماستىن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئىلغارلىرىدىن بولۇشىڭىز كېرەك. بىز ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز، بۇ—ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى. بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى باشتىن ئاخىر جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىكى ھەممىدىن مۇھىم مەسىلە قاتارىدا كۆرۈشىمىز لازىم. پارتىيىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللەتلەر سىياسىتىگە دائىر تەربىيىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ھەق-ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش سورۇنىنى ئەڭ زور چەكتە تارايتىشىمىز، خەلق ئاممىسىغا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئالىي مەنپەئىتى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇتۇشىمىز لازىم. خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا تونۇشىمىز، قاتتىق پەرقلەندۈرۈشىمىز ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرگە ماسلىشىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئۇنسۇرلارغا قەتئىي زەربە بېرىشىمىز كېرەك؛ ئەمما مىللەتلەر مەسىلىسىگە قارىتا ئۇنداق ياكى بۇنداق ئوخشاش بولمىغان قاراشتا بولغانلارنى ھەرگىزمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى دېيىشكە بولمايدۇ. رېئال تۇرمۇشتا ساقلانغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش-

مىز لازىم.

ئۈچىنچىدىن، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتى بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى چېگرا رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا، ئۇ جايلارنىڭ تەبىئىي كىلىمات شارائىتى يامانراق، خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى نىسبەتەن ناچارراق. بۇ ھال بىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلاردىن يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ”جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاممىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماسلىق؛ ھەممە ئىشتا شەخسنىڭ ياكى كىچىك گۇرۇھنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەس، بەلكى خەلق مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇش؛ خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكى —بۇلار بىزنىڭ چىقىش نۇقتىمىز“ دېگەن تەلىمى بويىچە ئىش قىلىپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلەپ، ھەممە ئىشتا پارتىيە مەنپەئىتىنى ۋە خەلق مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شەخسىي مەنپەئەت بىلەن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى توقۇنۇشۇپ قالغاندا، قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىشىمىز كېرەككى، بىرەر ئىشتا ھەرگىزمۇ ئاۋۋال ئۆزىمىز ئۈچۈن چوت سوقساق بولمايدۇ. ئۆز بەختىمىزنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بەختى ئاساسىدا بەرپا قىلىشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ بۇنىڭ ئەكسىچە قىلساق بولمايدۇ. ھازىر بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلاردا تۈپ مەقسەت قارىشى سۇسلىشىپ كېتىش، ئاممىۋى قاراش ئاجىزلىشىپ كېتىش، ئامما بىلەن بولغان ھېسسىيات سوغۇقلىشىپ كېتىش مەسىلىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك. ئۇلار مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانغاندا، ئىش بېجىرگەندە ئالدى بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنى، ئاندىن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتىدۇ، ھەتتا شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئىچكى موڭغۇل رايونىمىزنى ئالساق، ھازىر خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى تېخى پاراۋان ئەمەس، يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يەنە 2 مىليون 500 مىڭ ئادەم نامراتلىق سىزىقى ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ۋەزىپىسى ناھايىتى مۈشكۈل. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ تەرەققىي تاپقان ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىكى كادىرلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە، تېخىمۇ كۆپ قان-تەر ئاققۇزۇشىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بىز خالىس تۆھپە يارىتىش ۋە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، ئېغىرچىلىقنى تەڭ تارتىپ، بارلىقىمىز بىلەن ئامما ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىمىز، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىمىز، ھەقىقىي تۈردە ئامما ئويلىغاننى ئويلىشىمىز، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىرىشىمىز، ئاممىنىڭ ھاجىتى چۈشكەن ئىشلارغا ياردەملىشىشىمىز لازىم. بىز ئىدىيە، خىزمەت ئۇسلۇبىمىزنى ھەقىقىي

ئۆزگەرتىپ، كۆك فەنسىن، لى گوئەن، لى رۇگاك قاتارلىق يولداشلارنى ئۈلگە قىلىپ، قەلبىمىزگە ھەر ۋاقىت خەلق ئاممىسىنى پۈكۈشىمىز، ھەر ۋاقىت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ بۈيۈك سىياسەتنى پۈكۈشىمىز لازىم. دائىم ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ئەڭ جاپالىق، ئەڭ قىيىن جايلارغا بېرىپ، ئامىمنىڭ دەرت-ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىز، ئامىمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئامىمنىڭ ئەھۋالىنى، تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى، ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئىگەللەپ، ئامما ئۈچۈن ”چاڭقىغاندا سۇ بېرىپتۇ“ دېگەندەك ئەمەلىي ۋە ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىمىز، تۈرلۈك ئامال-چارىلەر بىلەن ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن خالاس قىلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا بىز مىليونلىغان ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، نامرات، قالاق قىياپەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، چېگرا رايوننىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ-ئامان بولۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايمىز.

(ماقالىنىڭ ئاپتورى: جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

12>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：$\frac{\text{ISSN1006－5857}}{\text{CN11－2498/D}}$

邮发代号：2－373 定价：1.80元 邮政编码 100013